## 105361 ـ ۋاپات بولغان كىشىنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىستىغپارنىڭ لەپزى قانداق بولىدۇ؟

### سۇئال

ۋاپات بولغان كىشى دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىستىغپار ۋە دۇئانىڭ لەپزى قانداق بولىدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ۋاپات بولغان كىشى دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىستىغپار ۋە دۇئانىڭ سۆيىتىنىڭ باياني توغرىسىدا تايىنىشقا بولىدىغان ھەدىس بارلىقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇتلەق دۇئا قىلىش ۋە ئىستىغپار ئېيتىش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلگەن، دۇئا ۋە ئىستىغپارنىڭ سۆيىتى توغرىسىدا كەلگەن بۇيرۇققا بويسۇنۇش كۇپايە قىلىدۇ: «ئەي ئاللاھ! ئۇنى مەغپىرەت قىلسىلا، ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلسىلا» دېگەندەك. ئاللاھ تائالا ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن."

پەتىۋادا: شەيخ ئابدۇل ئەزىز بىن باز، شەيخ ئابدۇررەززاق ئەپىپىي، شەيخ ئابدۇللاھ بىن قەئۇد قاتارلىقلار"] .دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى- 9 "توم- 94 بەت .]

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.